السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ئەگەر ئۇنى تاغلىرىڭىزغا بەرگەن بولسىڭىز سىزگە تېخىمۇ كاتتا ئەجىر بولاتتى

مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى مەيمۇنە بىنتى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن سورىماي دېدىكىنى ئازات قىلىۋەتتى، ئاياللارغا تەقسىم قىلىنغان كۈنلەردىن مەيمۇنەنىڭ نۆۋىتى كەلگەن چاغدا: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەزدىڭىزمۇ مەن دېدىكىمنى ئازات قىلىۋەتتىم، دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «راستلا شۇنداق قىلدىڭىزمۇ؟»دېدى، ئۇ: ھەئە دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئۇنى تاغلىرىڭىزغا بەرگەن بولسىڭىز سىزگە تېخىمۇ كاتتا ئەجىر بولاتتى، «دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئاللاھ يولىدا قۇل ئازات قىلىشنىڭ پەزىلىتىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا خەۋەرمۇ قىلماي ياكى رۇخسەتمۇ سورىماي ئۆزىنىڭ بىر دېدىكىنى ئازات قىلىۋەتتى، ئۆزىنىڭ نۆۋىتى كەلگەن كۈنىدە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ئۇ ھەقتە خەۋەر قىلدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: شۇنداق قىلدىڭىزمۇ؟ دېگەندە، ئۇ: ھەئە دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي قىلغان ئىشىنى ئىنكار قىلمىدى بەلكى ئۇنىڭغا: ئەگەر ئۇنى تاغلىرىڭىزغا بەرگەن بولسىڭىز سىزگە تېخىمۇ كاتتا ئەجىر بولاتتى دېدى، بۇنىڭ مەنىسى: ياخشى ئىش قىلىپسىز، لېكىن سىز بۇ ھەدىيەنى ھىلالنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان تاغىلىرىڭىزغا بەرگەن بولسىڭىز، سىزگە ئۇرۇغ-تۇغقانچىلىقنى يەتكۈزگەنلىك ۋە سەدىقە قىلغانلىقتىن ئىبارەت ئىشىڭىزغا كۆپ ئەجىر-ساۋاپ بېرىلەتتى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3600

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee